## 14315 ـ روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئايالىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قۇچاقلىشى توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن يېقىندا نىكاھلاندىم، كۆڭلۈمگە كەلگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىمەن، مۇبارەك رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى، روزا تۇتتۇم، بەزى ۋاقىتتا ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كارىۋاتتا ياتىمەن، بەزى ئايالىم يېنىمدا مەن بىلەن بىرگە ياتىدۇ، مەن ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قۇچاقلايمەن، بۇنداق قىلىش روزىنى بۇزامدۇ؟ مەن ئۆچۈن قىلىش دۇرۇس بولىدىغان ۋە دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلارنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولساڭلار.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

مۇسۇلمان روزىسىنى بۇزۇۋېتىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشى لازىم بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، جىمادىن بولغان شەھۋىتىنى تەرك قىلغانلىقىغا ئاساسەن ئاللاھ تالادىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىشى كېرەك.

رامىزاننىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ تائامى، شارابى ۋە جىنسى شەھۋىتىنى مەن ئۆچۈن تەرك قىلىدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 1761-ھەدىس].

ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىنى تۇتالىسا، نەپسىنى كونترول قىلالىسا، مەني چىقىش ياكى جىماغا چۈشۈپ قىلىش قاتارلىق روزىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالىسا، شۇنىڭدەك مەزى چىقىش ئارقىلىقمۇ روزىنىڭ ساۋابى كېمىيىپ كېتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالىسا، ئۇنداق ھالەتتە ئايالى بىلەنقۇچاقلىشىپ ياتسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئويناشسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ ئائىشە ئانىمىز بىلەن رامىزاندا ئويىنشاتتى، ئەمما پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆز نەپسىگە يەنى شەھۋىتىگە ئىگە بولالايتتى.

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەر كىشىنىڭ رامىزاندا روزا تۇتۇپ، ئايالىنى سۆيۈپ قويۇشى، ئوينىشىشى ۋە قۇچاقلىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇرۇس ۋە گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ روزىدار ھالەتتە ئاياللىرىنى قۇچاقلايتتى ۋە سۆيۈپ قوياتتى.

ئەمما شەھۋىتى غالىب كېلىپ ئۆزىنى تۇتالماي، چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس. شۇنداق ھالەتتە سېپىرما چىقىپ كەتسە، كەچكىچە روزا تۇتىدۇ، كېيىن بۇ كۈننىڭ ئورنىغا يەنە بىر كۈن قازاسىنى قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭقارىشىدا كاپارەت كەلمەيدۇ.

ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدا، رامىزاندا ئەر ئايالى بىلەن ئويىنىشىپ مەزى چىقىپ قالسا، روزا بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى ئەسلى مەقسەت سالامەت بولۇش، روزىنى بۇزىۋەتمەسلىكتۇر. بۇنىڭدىن ساقلىنىش بەك قىيىن.

ئاللاھ تائالا توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى 4-توم 202-بەت.

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى